# ئوتتۇرا ئېقىمدا تۈۋرۈكتەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىدۇق

## «بۈگۈنكى جۇڭگو» توغرىسىدا چاتما مۇلاھىزە (2)

☐ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جۇ جېچەي، تۇ خۇڭجاڭ، يۈ شيەنخۇڭ

«سودا ئۇرۇشى ئالدىدا، جۇڭگو نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەمكىن، ئۆزىگە ئىشىنىدۇ؟»

«بىزنىڭ دېڭىزنى تىنچلاندۇرغۇچى ئىلاھىي تۈۋرۈكىمىز بار!» مەلۇم تورداشنىڭ بەرگەن ئىخچام، كۈچلۈك جاۋابى، مىليونلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلەپ بەردى.

قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش جاسارەتكە باغلىق، ئېگىز تاغلارنىڭ ھەيۋىتى ئاساسىي چوققىسىغا باغلىق. خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ «بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا تەمكىن تۇرالىشى»نىڭ ئاساسى.

### ■ ئەسلىي مەقسەت كۆكلىگە پۈكۈلگەچكە، كۈچىنىڭ ئاساسى بار

مەيلى قانداق ئۆتۈشسىزلىق، قىيىنچىلىق بولسۇن، ئوتتۇرا ئېقىمدا تۈۋرۈكتەك مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىدۇق.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بىزنىڭ كۆپ تەرەپلىك، ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، چوڭقۇر قاتلاملىق، تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇرالىشىمىزدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك، كەسكىن رەھبەرلىكىنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى.

پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دەۋر بۆلگۈچ جاسارەت بىلەن سالمىقى مىسلىسىز بولغان ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى مەخسۇس تېمىدا تەتقىق قىلىندى...پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلما»سىنى قۇرۇپ چىقتى.

بۈگۈنكى جۇڭگودا بىر قاتار ئىجادىي، تۈپ تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تايانچ كۈچى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ زور ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى، مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش كومىتېتى، مەركەز مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى قاتارلىقلارنىڭ رەھبەرلىك رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتىن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ زىچ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغىچە... پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋەزىيىتى تېخىمۇ ئېنىق بولدى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش رولى تېخىمۇ نامايان بولدى.

بىر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ مۇقەررەر كۈچلۈك يېتەكچىسى بولىدۇ؛ بىر قۇدرەتلىك پارتىيەنىڭ مۇقەررەر كۈچلۈك يادروسى بولىدۇ.

ئۇرۇلسىمۇ دەھشەتلىك دولقۇن قىرغاققا، مەن ماڭىمەن پۇختا قەدەمدە ئالدىغا.

بوئاۋ ئاسىيا مۇنبىرىدىن جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىگىچە، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى باشلىقلار يىغىنىدىن كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىغىچە، APEC يىغىنىدىن G20 باشلىقلار يىغىنىغىچە، لاتىن ئامېرىكىسى سەپىرىنى باشلاشتىن ياۋروپادىكى كۆپ دۆلەتنى زىيارەت قىلىشقىچە... رەئىس شى جىنپىڭ چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، جۇڭگو تەشەببۇسىنى جاكارلاپ، جۇڭگو لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو ساداسىنى يەتكۈزۈپ، پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ قوشتى.

جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشتا ئاچقۇچ پارتىيەدە.

6 ـ ئايدىن باشلاپ، پۈتۈن پارتىيەدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلدى. پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق 90 مىليونغا يېقىن پارتىيە ئەزاسى، 4 مىليون 500 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە تەشكىلاتى جەزمەن تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچنى ئۇيۇشتۇرالايدۇ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىدا ھەممىلا يەردە غەلىبە قازىنالايدۇ.

### ■ ئىرادە يۆنىلىشى، جاسارەتنىڭ مەنبەسى

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى نامرات ناھىيە يەنچۈەن، يىچۈەننىڭ نامراتلىقتىن چېكىنىپ چىقىشى بىلەن ئىنقىلابىي مۇقەددەس جاي يەنئەن مۇتلەق نامراتلىق بىلەن خوشلاشتى.

ۋاقىتنى بىر يىلدىن كۆپرەك ئالدىغا سۈرسەك، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە بىر مەيدان قەسەم بېرىش، سەپەرۋەرلىك ئالاھىدە يىغىنى يەنئەندە ئۆتكۈزۈلگەن. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى، شەھەر باشلىقىدىن ھەرقايسى رايون، ناھىيە، ھەرقايسى يېزا ـ بازارلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغىچە ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ۋەدىنامىسى يېزىپ، ئاخىرغىچە ئېلىشىدىغانلىقنى ئىپادىلەش شەكلى ئارقىلىق نامراتلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىرادىسىنى نامايان قىلغانىدى.

ھەربىي بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىش ۋەدىنامىسىگە ئىمزا قويغان ئاشۇ كۈنى كەچتە ئەنسەي رايونى خۇاڭپىڭ بازارلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يې گېنلى بىر كېچە ئۇخلىمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا، ئۇ شاۋەن كەنتىنىڭ كەنت ئېغىزىدا پەيدا بولدى.

كەنت ئاھالىلىرىنى كۆكتات پارنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قايىل قىلىش ئۈچۈن، بۇ پارتكوم شۇجىسى ئۆيمۇئۆي كىرىپ خىزمەت ئىشلىدى. بارماقلىرىنى پۈكۈپ، ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ بەردى؛ 1 ـ كۈنى قايىل قىلالمىسا، 2 ـ كۈنى يەنە باردى... ھېرىپ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاخىر پارنىكتا ئىش باشلىنىدىغان كۈننى كۈتۈۋالدى. بۈگۈنكى خۇاڭپىڭ بازىرى يېشىل يېتەكلەيدىغان بۇ كەسىپكە تايىنىپ، پۈتۈن بازاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ كىشى بېشى ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمىنى 9853 يۈەنگە يەتكۈزدى.

ئۇدا ئالتە يىل، ھەريىلى 10 مىليوندىن ئارتۇق نامرات ئازايدى، بۇ ئىس ـ تۈتەكسىز جەڭ مەيدانىدا، بىر پارتىيە تەشكىلاتى بىر جەڭگىۋار قورغان، بىر پارتىيە ئەزاسى بىر بايراق بولدى، مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ نامراتلارنى ئازايتىش تارىخىدا يارىتىلغان مۆجىزىنىڭ يىلتىزىدۇر.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەنلىكى سەۋەبىدىن كۈچلۈك ئەمەس، بەلكى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، بۇ خىل كۈچنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرىپى دەل پارتىيەنىڭ مۇستەھكەم تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە كۈچلۈك تەشكىللەش ئىقتىدارىدىن كەلگەن» دېدى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ پروفېسسورى شىن مىڭ.

بۇ قانداق بىر خىل ئۇلۇغۋار ۋەزىيەت؟

چەت ئەل تاراتقۇلىرى تەرىپىدىن «دۇنيا خەرىتىسى ئالدىدا تۇرۇپ» ئېچىلغان قۇرۇلتاي دەپ ئاتالغان پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا، كەلگۈسى 30 يىللىق سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى تۈزۈلدى.

زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسى قۇرۇش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىجادچان دۆلەت قۇرۇشقىچە؛ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىن رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىلانلاشقىچە؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى تېز مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئومۇميۈزلۈك ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقىچە...

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئومۇمىي ۋەزىيىتى ۋە دۇنيانىڭ 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى كۆزدە تۇتۇلۇپ، مەۋقە «ئىككى 100يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش مەزگىلىگە قويۇلۇپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا بىر قاتار مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلار چىقىرىلدى.

بۇ بىر خىل قانداق كەلگۈسى نەزەر؟

مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى تارقاتقان «دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى سىناق رايونى(خەينەن) يولغا قويۇش لايىھەسى» «رەقەملىك يېزا ـ كەنت تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى پروگراممىسى»دىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ نامى بىلەن تارقىتىلغان ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېمەكلىك بىخەتەرلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر، دۆلەت زېمىن بوشلۇقى يىرىك پىلان سىستېمىسى بەرپا قىلىش ھەم يولغا قويۇشنى نازارەت قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە پىكىرگىچە...5 ـ ئايدىن بۇيان، ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى، ۋەزىپىنامىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلغان بىر قاتار مۇھىم، زور ھۆججەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بىر ئۇلۇغۋار پىلاننى ئاخىرغىچە تۈزۈپ چىقىدىغان ئىرادە بىلەن ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىۋاتىدۇ، ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ.

بۇ بىر خىل قانداق قۇدرەتلىك روھ؟

ئىسلاھ قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ روشەن پەزىلىتى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ ھەيۋەتلىك ھالىتى.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن، قايتا قۇرۇش خاراكتېرىدە ئىسلاھ قىلىشتىن ئېچىۋېتىشنى كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىدىغان بىر قاتار ماھىيەتلىك تەدبىرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا قويۇشقىچە؛ تۇنجى نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈشتىن خەينەن ئەركىن سودا سىناق رايونى قۇرۇشنى باشلاش، جۇڭگوچە ئەركىن سودا پورتى قۇرۇش توغرىسىدا ئىزدىنىشقىچە؛ يەنە بىر قېتىم «بىر بەلباغ، بىر يول» خەلقئارا ھەمكارلىق باشلىقلار مۇنبىرى ئۆتكۈزۈشتىن چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئوتتۇرا قىسىم رايونلارنىڭ قەد كۆتۈرۈشىگە تۈرتكە بولۇش قاتارلىق مۇھىم، زور رايون ئىستراتېگىيەسىنى پىلانلاشقىچە...

ئۆتكەن بىر يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خەلقئارا، دۆلەت ئىچىنى بىرتۇتاش پىلانلىدى، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلىدى، دادىل ـ كەسكىن بولدى، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزلىگەن بىر قاتار زور تەدبىر، ئۇلۇغۋار پىلانلار جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىشەنچىنى چىڭىتتى، شۇنداقلا چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا بولغان مۆلچەرىنى مۇقىملاشتۇردى.

### ■ قەلب ۋە كۈچ مۇجەسسەملەنسە، ھەممىدە غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئېلىمىزنىڭ سائەتلىك سۈرئىتى 600 كىلومېتىر بولغان يۇقىرى سۈرئەتلىك ماگنىتلىق لەيلىمە سىناق پويىزى چىڭداۋدا ياسىلىپ پۈتتى. ئايروپىلاننىڭ 900 ـ 800 كىلومېتىرلىق سائەتلىك ئۇچۇش سۈرئىتى بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ «يەرگە چاپلىشىپ ئۇچۇش»نىڭ سۈرئەت سەۋىيەسىگە يېقىنلىشىدۇ.

2016 ـ يىلى 7 ـ ئايدا تۈر باشلانغاندىن تارتىپ بۈگۈن سىناق پويىزى ياسىلىپ پۈتكەنگە قەدەر، بۇ تۈرنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتى ئوخشاشلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ نەتىجە دۆلەت ئىچى يۇقىرى سۈرئەتلىك پويىز، ماگنىتلىق لەيلىمە پويىز ساھەسىدىكى ئەۋزەل بايلىقلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بىرىكىشى، 30 نەچچە كارخانا، ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات يۈرۈتىدىن تەشكىللەنگەن «بىرلەشمە پاراخوت ئەترىتى»نىڭ بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ مەھسۇلى.

بۇ يېگانە مۆجىزە ئەمەس، تېخى يېقىندىلا، «جۇڭگودىكى ئەڭ سېھرىي كۈچكە ئىگە ئايرودرۇم» دەپ نام ئالغان بېيجىڭ داشىڭ خەلقئارا ئايروپورتىدا تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ئۇچتى، بۇ كۆلىمى 63 تيەنئەنمېن مەيدانىغا باراۋەر كېلىدىغان يېڭى ئايرودرۇم، قۇرۇلۇش قىلىنغان تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئادەتتىن تاشقىرى قىياپىتى ۋە كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ھەتتا چەت ئەل ئىجتىمائىي ئالاقە تور بېكەتلىرىدە يېڭىدىن «تور مودىسى» بولدى.

پويىزنىڭ تېز مېڭىشى پۈتۈنلەي پاراۋۇزغا باغلىق. «جۇڭگو سۈرئىتى»نىڭ ئارقىسىدا، كۈچلۈك «جۇڭگو موتورى» بار. بۇ موتور دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جۇڭگو خەلقىنى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشقا يېتەكلەيدىغان، ئىنتىپاقلاشتۇرىدىغان مەركەزگە ئىنتىلدۈرۈش كۈچى، مۇجەسسەملەش كۈچى، ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش كۈچىدۇر.

دەرىجىدىن تاشقىرى قۇرۇلۇشتىن مۇھىم، زور پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقىچە، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىن تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشقىچە، جۇڭگو چوڭ ئىش، مۇھىم ئىش ۋە ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ھەمىشە «مۇمكىن بولمايدىغان ۋەزىپە»نى تاماملاپ، دۇنيا يېڭىچە نەزەر بىلەن قارايدىغان مۆجىزىلەرنى ياراتتى.

مۆجىزە تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىدۇ. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر كۆرسەتكىنىدەك: «بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكىمىز دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىدا. بۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر.»

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى، ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىنلا، ۋىۋىسكا ئېسىشقا تېگىشلىك يېڭىدىن تەشكىللەپ قۇرۇلغان ياكى قايتا تەشكىللەپ قۇرۇلغان 25 تارماقنىڭ ھەممىسىگە ۋىۋىسكا ئېسىش تاماملاندى؛ توققۇز ئايدىن كېيىنلا، 31 ئۆلكىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھەسىنىڭ ھەممىسى ئېلان قىلىندى.

2019 ـ يىللىق ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتا 2 تىرىليون يۈەنگە يېقىن باجنى كېمەيتىپ، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، قوشۇلما قىممەت بېجىنىڭ باج نىسبىتى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىلدى، 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش يېڭى سىياسىتى يولغا قويۇلدى...سىياسەت پايدىسى تېز ئەمەلىيلىشىپ، كارخانىلارنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈنۈمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

پارتىيە كۈچلۈك بولسا، خەلق كۈچلۈك بولىدۇ، دۆلەت كۈچلۈك بولىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولسىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غايەت زور ئەۋزەللىكى بولسىلا، مىليونلىغان جۇڭگو خەلقىنىڭ ئورتاق كۆرەش قىلىشىدەك قۇدرەتلىك كۈچ بولسىلا، بۈگۈنكى جۇڭگودا، ھەرقانداق قىيىنچىلىق، توسالغۇنى يەڭگىلى بولىدۇ، ھەرقانداق ئۇلۇغۋار ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# «پەن ـ تېخنىكا +» ئەندىزىسى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە كۈچ قوشىدۇ

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەنتنى يولغا قويۇش سۇبيېكتى قىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈرگە مەبلەغ سېلىشتا شەكىللەنگەن مۈلۈكنى 70%، 10%، 20% بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا پايغا سۇندۇرۇپ مىقدارلاشتۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرگە، كەنت يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا، باشلامچى بولۇپ نامراتلارنى يۆلەيدىغان باشلامچى كارخانىلارغا ياكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىلىرىگە بېرىپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى زور دەرىجىدە قوزغاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، قەشقەر شەھىرىنىڭ بېشكۆتەكنىڭ يېزىسى ھەرەمباغ كەنتى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ھويلىسىدا، پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ گۆش كەپتىرى بېقىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشنىڭ تەمىنى تېتىغان كەنت ئاھالىلىرى شىنجاڭ مەبلەغ سېلىش تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ، باقمىچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ «نەپ» دەل ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتىنىڭ پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ پايدىسىدىن كەلگەن.

بۇ نامراتلارنى يۆلەش تۈرىنىڭ مەسئۇلى قەشقەر شىنتوۋ كەپتەرچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ ۋېن مۇنداق دېدى: «دەسلەپتە تەربىيەلەشنى تەشكىللىشىمۇ تەس ئىدى، ھازىر تەربىيەلەش مەيدانى يېتىشمەيدۇ، كەنت ئاھالىلىرى ئۆزلۈكىدىن تېخنىكا ئۆگىنىشنى خالايدىغان بولدى، تېخنىكىغا تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئېڭى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.» يېڭى ئۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئالتە كەنتىدە بۇ تۈردىن مەنپەئەتلەنگەن نامرات ئائىلە 840قا يېتىپ، ھەربىر ئائىلىنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 3000 يۈەندىن ئاشتى.

«پەن ـ تېخنىكا + تۈر»گە تايانغاندىن باشقا، ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى يەنە پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق «پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمەت ئۆمىكى كەنتكە بېرىش، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى ئائىلىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش» تەپەككۇر يولى بويىچە، پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى قاتارلىقلارنى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇلازىمەت قىلىش، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىپ، تېخنىكا نەتىجىلىرىنىڭ نامرات رايونلاردا يۆتكىلىشى، ئايلىنىشىنى تېزلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چەت، ياقا، نامرات ناھىيە(شەھەر)لەردىكى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى مەخسۇس قوللاش پىلانىنى قانات يايدۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتىدە «كەنتلەرگە بېرىش ئائىلىلەرگە كىرىش»نى ئومۇملاشتۇردى. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا تاللاپ ئەۋەتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 2018 ـ يىلىلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا 432 پەن ـ تېخنىكا خادىمىنى تاللاپ ئەۋەتتى.

«پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ نامرات رايونلارنىڭ ئەۋزەل بايلىقىنى قېزىپ، كەنت ئاھالىسىگە ئىشلەپ كۆرسىتىپ بېرىشتىن كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ ئىشلەشكە ئۆتۈپ، ئەمەلىي نەتىجىلەر ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆگىنىش ئارزۇسىنى قوزغاپ، يېزا ئىگىلىكىنى سۆيىدىغان، تېخنىكا بىلىدىغان، تىجارەت قىلىشقا ماھىر بىر تۈركۈم يېڭىچە كەسپىي دېھقانلارنى ھەقىقىي تەربىيەلەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىختىساسلىقلار مەددىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا نازارىتى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا باشقارمىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى يۈ يىڭرۇڭ.

# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى دائىمىي يىغىن ئاچتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىلمىي سۈپەت قارىشى ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان زىيادە ئېغىر ئوقۇش يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر قوللىنىپ، سىجىل كۈچەش، بوشاشماي كۆرەش قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم، زور ئەھمىيىتى بار. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېتىز قۇرۇلۇشىنى ئاشلىق بىخەتەرلىكى ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۈنۈملۈك تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئۇل قۇرۇلۇش قىلىپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئېتىز قۇرۇلۇشىغا دائىر سىياسەتلەرنى تۈزۈش، تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىش، يىرىك پىلان تۈزۈش، يانداش سېلىنما سېلىش، مەبلەغنى بىرىكتۈرۈش، قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش ۋە مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ پۇختا ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تېز ئۆستۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى ئاساسىي تىرەك بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلارمۇ تەتقىق قىلىندى.